# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كۈتۈۋېلىش يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، ھەرقايسى تەشكىلاتلار، ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى قاتلاملار ھەمدە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ، زور كۈچ بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈچنى توپلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت كېمەنىڭ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىشى، يەلكەن چىقىرىپ يىراققا سەپەر قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. **(سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى 4 ـ بەتكە بېرىلدى)**

لى كېچياڭ كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشتى. 4000دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك زات خۇشال ـ خۇرام بىر يەرگە جەم بولۇپ، يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى.

خەلق سارىيىنىڭ زىياپەت زالىدا چىراغ نۇرلىرى چاقنىغان، رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان بولۇپ، قىزغىن، خۇشال بايرام كەيپىياتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. رەئىس سەھنىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ھەيۋەتلىك دۆلەت گېربى ئېسىلغانىدى، «1949 ــ 2019» دېگەن يىل نامى قىزىل بايراقلار ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

سائەت 17دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، شادىيانە «مەرھابا مۇزىكىسى» ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار زىياپەت زالىغا كىردى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

كۈتۈۋېلىش يىغىنى باشلاندى. پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، دۆلەت شېئىرىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتتى، تەنتەنىلىك، ھەيۋەتلىك «پىدائىيلار مارشى» زالدا ياڭرىدى.

جاراڭلىق بۇرغا ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ مۇھىم سۆز قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق، بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىغا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىگە، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى؛ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى كەڭ چياۋمىن قېرىنداشلارغا سەممىي سالام يوللىدى؛ يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن دوست دۆلەتلەر ۋە خەلقئارادىكى دوستلارغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى ئېچىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشىگە تۈرتكە بولدى، جۇڭگو چوڭ قەدەم بىلەن دەۋرگە يېتىشىۋالدى، جۇڭگو خەلقى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭدى. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەپ، «دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان» تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ياراتتى، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان جۇڭخۇا مىللىتىنى قىيناپ كەلگەن مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىگە پات ئارىدا تارىخىي خاراكتېرلىك خاتىمە بېرىلىپ، ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ داستان پۈتۈپ چىقىلدى. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولغان تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، تىنچ تەرەققىي قىلىش يولىدا چىڭ تۇرۇپ، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن دوستانە ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت يۈكسەك ئىشلىرىغا تۈرتكە بولۇشقا مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى. جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى، ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى كۈتۈۋالدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئىتتىپاقلىق تۆمۈر، ئىتتىپاقلىق پولات، ئىتتىپاقلىق كۈچ. ئىتتىپاقلىق جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىپ، ئۈزلۈكسىز غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە مېڭىشىدىكى مۇھىم كاپالەت.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىز داۋاملىق «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»، «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، «ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش» يۈكسەك ئاپتونومىيە فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا ئىش قىلىشىمىز كېرەك. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ۋەتەننىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشى بولسىلا، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شياڭگاڭنى سۆيىدىغان، ئاۋمېننى سۆيىدىغان كەڭ قېرىنداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بولسىلا، شياڭگاڭ، ئاۋمېن چوقۇم ۋەتەننىڭ ئىچكىرى رايونلىرى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلالايدۇ، ئورتاق ئىلگىرىلىيەلەيدۇ، ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بىز بىر جۇڭگو پرىنسىپى ۋە «92 ـ يىلدىكى ئورتاق تونۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى قىرغاقنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى قىرغاقتىكى قېرىنداشلارغا بەخت يارىتىشىمىز كېرەك. ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش چوڭ ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشى، ھەققانىيلىقنىڭ مەنبەسى، خەلقنىڭ ئارزۇسى، ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق كۈچنىڭ ھەممىسى توسۇپ قالالمايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: بىز تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي تىنچ تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ قۇياش نۇرى ئارقىلىق پۈتۈن يەر شارىنى يورۇتۇشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ خەلق، جۇڭخۇا مىللىتى ئۇلۇغ مىللەت، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئۇلۇغ مەدەنىيەت. تارىخ كەلگۈسىنى يورۇتىدۇ، سەپەرنىڭ ئاخىرى چېكى بولمايدۇ. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە، يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىللىق ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ياراتقان جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە، مۇقەررەر تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل دەۋر سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقالايدۇ.

بايرام شادلىقىغا تولغان شادىيانە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلار، دوستلار قەدەھ كۆتۈرۈپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى، جۇڭگونىڭ گۈللىنىش، بېيىش، قۇدرەت تېپىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى، جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈ ياشناپ تۇرۇشىغا، بەختلىك، گۈزەل كەلگۈسىنى بىرلىكتە يارىتىشقا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشقانلاردىن يەنە: دىڭ شۆشياڭ، ۋاڭ چېن، ليۇ خې، شۈ چىلياڭ، سۈن چۇنلەن، لى شى، لى چياڭ، لى خۇڭجۇڭ، ياڭ جېيچى، ياڭ شياۋدۇ، جاڭ يوۋشيا، چېن شى، چېن چۈەنگو، چېن مىنئېر، خۇ چۈنخۇا، گو شېڭكۈن، خۇاڭ كۇنمىڭ، سەي چى، لى رۇيخۇەن، ۋۇ باڭگو، ۋېن جياباۋ، جيا چىڭلىن، جاڭ دېجياڭ، يۈ جېڭشېڭ، سۇڭ پىڭ، لى لەنچىڭ، زېڭ چىڭخۇڭ، ۋۇ گۈەنجېڭ، لى چاڭچۈن، خې گوچياڭ، ليۇ يۈنشەن، جاڭ گاۋلى، يوۋ چۈەن، ساۋ جيەنمىڭ، جاڭ چۇنشيەن، شېن يۆيۆ، جى بىڭشۈەن، ئەركىن ئىمىرباقى، ۋەن ئېنشياڭ، چېن جۇ، ۋاڭ دۇڭمىڭ، بەيماچىلىن، دىڭ جۇڭلى، خاۋ مىڭجىن، سەي دافېڭ، ۋۇ ۋېيخۇا، ۋېي فېڭخې، ۋاڭ يوڭ، ۋاڭ يى، شياۋ جېي، جاۋ كېجى، جوۋ چياڭ، جاڭ جۈن، جاڭ چىڭلى، ليۇ چىباۋ، پابالا گېلېيلاڭجېي، ۋەن گاڭ، خې خوۋخۇا، لۇ جەنگۇڭ، ۋاڭ جېڭۋېي، ما بياۋ، چېن شياۋگۇاڭ، لياڭ جېنيىڭ، شيا باۋلۇڭ، ياڭ چۈەنتاڭ، لى بىن، باتېر، ۋاڭ يۇڭچىڭ، خې لىفېڭ، سۇ خۇي، جېڭ جيەنباڭ، گۇ شېڭزۇ، ليۇ شىنچېڭ، خې ۋېي، شاۋ خۇڭ، گاۋ يۈنلۇڭ ۋە چې خاۋتيەن، ۋاڭ لېچۈەن، ۋاڭ جاۋگو، خۇي لياڭيۈ، ليۇ چى، ساۋ گاڭچۈەن، زېڭ پېييەن، ۋاڭ گاڭ، ليۇ يەندۇڭ، لى يۈەنچاۋ، ما كەي، لى جيەنگو، فەن چاڭلۇڭ، مېڭ جيەنجۇ، گو جىنلۇڭ، ۋاڭ خەنبىن، خې يوڭ، دۇ چىڭلىن، جاۋ خۇڭجۇ، زوۋ جياخۇا، پېڭ پېييۈن، خې لۇلى، شۈ جيالۇ، جياڭ جېڭخۇا، گۇ شېۇليەن، رې دى، ۋۇيۈنچمۇگې، خۇا جيەنمىن، چېن جىلى، جوۋ تېينۇڭ، ئىسمايىل تىلىۋالدى، جياڭ شۇشېڭ، ساڭ گوۋېي، ۋاڭ شېڭجۈن، چېن چاڭجى، يەن جۈنچى، جاڭ پىڭ، شياڭباپىڭسو، جاڭ باۋۋېن، لياڭ گۇاڭلېي، جاڭ ۋەنچۈەن، خەن جۇبىن، جيا چۈنۋاڭ، سۇڭ جيەن، خۇ چىلى، ۋاڭ جۇڭيۈ، لى گۈيشيەن، خاۋ جيەنشيۇ، شۈ كۇاڭدى، جاڭ خۈەيشى، لى مېڭ، بەي لىچېن، چېن كۈييۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، لى جاۋجو، خۇاڭ مېڭفۇ، جاڭ مېيىڭ، جاڭ رۇڭمىڭ، چيەن يۈنلۇ، سۈن جياجېڭ، لى جىنخۇا، جېڭ ۋەنتۇڭ، دېڭ پۇفاڭ، چېن زۇڭشىڭ، ۋاڭ جىجېن، خەن چىدې، لو فۇخې، لى خەيفېڭ، چېن يۈەن، جوۋ شياۋچۈەن، ۋاڭ جيارۇي، چې شۈچۈن، ما پېيخۇا، ليۇ شياۋفېڭ، ۋاڭ چىنمىن ھەمدە لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن ۋە فۇ چۈەنيوۋ، يۈ يۇڭبو، ۋاڭ كې، چېن بىڭدې، لى جىنەي، چياۋ چىڭچېن، جىڭ جيەنيۈەن، جاۋ كېشى، ۋۇ شېڭلى، ما شياۋتيەن، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى لىنجېڭ يۆئې، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى سۈي شىئەن، ۋەزىپە ئۆتەشنى ساقلاپ تۇرغان باش مەمۇر خې يىچېڭ بار.

مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى، ھەر ساھەدىكى داڭلىق زاتلار ۋەكىللىرى، قىسمەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى، پېشقەدەم جياڭجۈنلەر، پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، پېشقەدەم كادىرلار ۋەكىللىرى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ۋاپات بولغان رەھبەرلىرىنىڭ جورىلىرى، داجياڭلارنىڭ جورىلىرى، «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» «1 ـ ئاۋغۇست ئوردېنى» ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكەنلەر ۋەكىللىرى، بېيجىڭدىكى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش نەمۇنىچىلىرى، ھەربىي ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىرى، ئىنقىلابىي مېيىپ ھەربىيلەر، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان قىسمەن ۋەكىللەر ھەم ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك، چياۋمىنلار ۋەكىللىرى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشتى.

بېيجىڭدا دەم ئېلىۋاتقان كامبودژا پادىشاھى سىخامونى ۋە ۋالىدىخان مونلى، «دوستلۇق ئوردېنى»غا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرى، بېيجىڭدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان قىسمەن چەت ئەللىك مېھمانلار، خەلقئارادىكى داڭلىق زاتلار، داڭلىق دوست زاتلار ۋە ئۇلارنىڭ جورىلىرى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ جورىلىرى، جۇڭگودىكى قىسمەن چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئۇلارنىڭ جورىلىرىمۇ كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشتى.

# ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

غايەت زور باش تېما مەنزىرە ھەيكىلى «قىزىل لېنتا» ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئىككى گۈرۈپپا گۈللۈكتە ئاق جۇخارگۈلى قاتارلىقلاردىن ياساپ چىقىلغان 18 گۈلچەمبىرىكىگە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي قەھرىمانلارغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشى مۇجەسسەملەنگەنىدى.

سائەت 10غا يېقىنلاشقاندا، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى تيەنئەنمېن مەيدانىغا كېلىپ، خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

خاتىرە مۇنارى ئالدىدا، 4000دىن ئارتۇق ھەر ساھە ۋەكىللىرى قولىدا گۈل تۇتۇپ، رەتكە تىزىلىپ سۈكۈتتە تۇردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 90 ياشتىن ئاشقان پېشقەدەم جەڭچىلەر، پېشقەدەم يولداشلار بار، مەيدىسىگە قىزىل لېنتا تاقىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بار، دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرى بار، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بار، غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۆسمۈرلەر، باللار بار.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ھەربىي ئوركېستىرىنىڭ ئون كانايچىسى «ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنى بۇرغىسى»نى ياڭراتتى. چوڭقۇر ۋە ياڭراق كاناي ئاۋازى كىشىلەرگە ئۆزىنى خۇددى داۋالغۇپ تۇرغان تارىخىي يىللاردا تۇرغاندەك ھېس قىلدۇردى.

70 يىللىق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، 70 يىللىق قاينام ـ تاشقىنلىق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇشتىن بېيىش، قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان تارىخىي ھالقىشنى كۈتۈۋېلىپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك جۇڭگو مۆجىزىسىنى يارىتىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىغا قاراپ مەردانە قەدەم تاشلىدى.

«ھۆرمەت قاراۋۇللىرى تەييارلىنىڭلار!» دېگەن بۇيرۇق بېرىلىشى بىلەن، ئۈچ ئارمىيەنىڭ 60 ھۆرمەت قاراۋۇلى مەردانە، مەزمۇت، ھۆرمەت قەدەملىرى بىلەن خاتىرە مۇنارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ملتىقلىرىنى تۇتۇپ تىك تۇردى.

دەل سائەت 10دا، خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى رەسمىي باشلاندى. ھەربىي ئوركېستىر «پىدائىيلار مارشى»نى ئورۇنلىدى، پۈتۈن مەيداندىكىلەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرىنى بىرلىكتە يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتتى.

دۆلەت شېئىرى ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەيداندىكىلەر سۈكۈتتە تۇرۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈردى.

70 يىل ئىلگىرىكى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىغا تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۇل سېلىندى. «خەلق قەھرىمانلىرى مەڭگۈ ھايات» دېگەن سەككىز ئالتۇن رەڭلىك چوڭ خەت كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بولغان ھۆرمىتى ئويۇلغانىدى. 2014 ـ يىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قارار چىقىرىپ، 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىنى «ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنى» قىلىپ بېكىتتى.

«بىز كوممۇنىزم ئىز باسارلىرى، ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىمىز...» تەزىيە بىلدۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، 300دىن ئارتۇق ئۆسمۈر، بالا قولىدا گۈل تۇتقىنىچە، خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، «بىز كوممۇنىزم ئىز باسارلىرى»نى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتتى ھەم پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت سالىمىنى بەردى.

چاسا ئەترەت ئالدىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر ساھە ئاممىسى، پېشقەدەم جەڭچىلەر، پېشقەدەم يولداشلار ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ نامىدا تەقدىم قىلىنغان چوڭ تېپتىكى توققۇز گۈل سېۋىتى قاتار تىزىلغانىدى، گۈل سېۋەتلىرىنىڭ قىزىل لېنتىسىغا يېزىلغان «خەلق قەھرىمانلىرى مەڭگۈ ھايات» دېگەن خەتلەر ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ھەربىي ئوركېستىر چوڭقۇر مۇھەببەتكە تولغان گۈل تەقدىم قىلىش مۇزىكىسىنى ئورۇنلىغاندا، 18 ھۆرمەت قاراۋۇلى گۈل سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاستا قەدەملەر بىلەن خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىغا قاراپ مېڭىپ، گۈل سېۋەتلىرىنى خاتىرە مۇنارىنىڭ ئۇل تەكچىسىگە قويدى.

شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئارقىدىن خاتىرە مۇنارى ئۇل تەكچىسىگە چىقىپ، گۈل سېۋىتى ئالدىدا توختاپ، خېلى ئۇزاق سۈكۈتتە تۇردى. ئوتتاشتەك خۇڭجاڭ، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلسامساق، چىرايلىق ئاسىيا مەرۋايىتگۈلىگە خەلق قەھرىمانلىرىنى چوڭقۇر ئەسلەش ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈش مۇجەسسەملەنگەنىدى.

شى جىنپىڭ ئالدىغا بېرىپ گۈل سېۋىتىدىكى لېنتىلارنى كۆڭۈل قويۇپ رەتلەپ قويدى.

ئارقىدىن شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئاستا قەدەم بىلەن خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىنى ئايلىنىپ خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىغا ئېھتىرام بىلدۈردى. ھەيۋەتلىك خاتىرە مۇنارى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى جۇشقۇن، مەردانە، تاغنى تالقان قىلىدىغان جاسارەتلىك كۈرەش مۇساپىسىنى ئۇن ـ تىنسىز بايان قىلىپ تۇراتتى. مۇنار ئۈستىدىكى ئون پارچە ئاق مەرمەر قاپارتما نەقىش جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەشتەك ئۇلۇغ روھىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى. يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن جۇڭگو خەلقى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، غەيرەت ـ جاسارەتكە تولۇپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلماقتا.

ئۆسمۈرلەر، باللار ۋە ھەر ساھە ئاممىسى ۋەكىللىرىمۇ نۆۋەت بىلەن خاتىرە مۇنارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىدىكى گۈللىرىنى تەقدىم قىلدى ھەم خاتىرە مۇنارىغا ئېھتىرام بىلدۈردى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى ياد ئېتىپ، بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى.

گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى سەي چى رىياسەتچىلىك قىلدى.

بېيجىڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى مۇراسىمغا قاتناشتى.

مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى ۋە بېيجىڭ شەھىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى، بېيجىڭدىكى پېشقەدەم جەڭچىلەر، پېشقەدەم يولداشلار ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى، «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئەزالىرى، پايتەختتىكى ھەر ساھە ئامما ۋەكىللىرى قاتارلىقلار گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىدىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار ماۋ جۇشى خاتىرە سارىيىغا باردى. شىمالىي چوڭ زالدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار تەقدىم قىلغان گۈل سېۋىتى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئولتۇرغان ھەيكىلىنىڭ دەل ئۇدۇلىغا قويۇلغانىدى. شى جىنپىڭ قاتارلىقلار يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئولتۇرغان ھەيكىلىگە ئۈچ تەزىم قىلدى، ئارقىدىن ئېھتىرام بىلدۈرۈش زالىغا كېلىپ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ دىدارىغا ئېھتىرام بىلدۈردى، يولداش ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنى چوڭقۇر ياد ئەتتى.